3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەدبىرلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ئورتاق قۇرۇلغان، ئورتاق ئىدارە قىلىنىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، دىنىي پەن ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ قىلىپ، دىن ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشنى تىرەك قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كاپالەت قىلىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغىتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى مەنپەئىتىنى كۆپرەك كۆزلەپ، خەلق تۇرمۇشى غېمىنى كۆپرەك ھەل قىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورتاق بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 100 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 35 مىليون 610 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 34%نى ئىگىلەيدۇ.

2011 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشتە سىرتقا يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى يەتكۈزۈش باشلاندى، شۇ يىلى سىرتقا يەتكۈزۈلگەن يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى ئاران 225 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت ئىدى، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 26 مىليارد 760 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى، يېڭى ئېنېرگىيە بويىچە سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى.

مۇھىت قوغداش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، 100 مىليارد كىلوۋات سائەتلىك يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 32 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى تېجەپ قالدۇ، بۇ، 86 مىليون 400 مىڭ توننا كاربون (IV) ئوكسىدى، 272 مىڭ توننا گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، 237 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىدىنى ئاز قويۇپ بەرگەنگە باراۋەر.

نۆۋەتتە، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى «14 ـ بەش يىل»لىق شىنجاڭ ئېلېكتر تورى يىرىك پىلانىنى يۇقىرى سۈپەتتە تۈزۈپ، «كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربونىنى نېيتراللاشتۇرۇش» ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارى 110 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يېتىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 34 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يېتىدىكەن.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى H&Mنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار باياناتىغا ئىنكاس قايتۇردى:

# جۇڭگونىڭ خەلق رايىنى ئالداشقا ۋە ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار دۇڭ شۆ، سۈن نەن)** شىۋېتسىيە كىيىم ـ كېچەك شىركىتى ھېننېسسى ـ ماۋرىتىز شىركىتى (H&M)نىڭ شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش توغرىسىدا سۆز ئېلان قىلىشى جۇڭگودا كەڭ كۆلەملىك ئەيىبلەش ۋە توسۇش دولقۇنىنى قوزغىدى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو خەلقى دوستانە، ئوچۇق ـ يورۇق خەلق، ئەمما جۇڭگونىڭ خەلق رايىنى ئالداشقا ۋە ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ.

«شىنجاڭ رايونىنىڭ پاختىسى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى پاختىلارنىڭ بىرى، ئۇنى ئىشلەتمەسلىك ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ زىيىنى.» خۇا چۈنيىڭ شۇ كۈندىكى قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ رايوندىكى «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»قا ئالاقىدار ئەيىبلەشلەر پۈتۈنلەي ئايرىم ساندىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان يامان غەرەزلىك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر، ئۇلارنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلاش، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت.

«ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەشنى ئادەتتىكى نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىش دەپ بىلىدۇ، چۈنكى، خەلقنى بارغانسېرى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، ئەمما بەزىلەر ئۇنى چوقۇم مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ياكى زۇلمەتلىك ئېزىش دەپ بېكىتىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدا نەچچە يۈز يىل ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغان، شۇڭا ھازىر باشقىلارنى ئۆز تارازىسى بىلەن ئۆلچەۋاتىدۇ» دېدى خۇا چۈنيىڭ.

«جۇڭگو ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلىدۇ، جۇڭگو خەلقى دوستانە، ئوچۇق ـ يورۇق خەلق، ئەمما جۇڭگو خەلقىنىڭ خەلق رايىنى ئالداشقا ۋە ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى H&M قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى توسقانلىقىغا ئىنكاس قايتۇردى:

# ئاپئاق، نۇقسانسىز شىنجاڭ پاختىسىغا قارا چاپلاشقا يول قويۇلمايدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار يۈ جياشىن، ۋاڭ يۈشياۋ)** H&M قاتارلىق ماركىلارنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى توسۇش مەسىلىسىگە قارىتا، سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى گاۋ فېڭ 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىنكاس قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېيىش پۈتۈنلەي يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق، ئاپئاق، نۇقسانسىز شىنجاڭ پاختىسىغا ھەرقانداق كۈچنىڭ قارا چاپلىشىغا، داغ تەگكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئۇ يەنە چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ بېقىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

گاۋ فېڭ سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى شۇ كۈنى ئاچقان قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا يۇقىرىقىلارنى بىلدۈردى. يېقىندا، H&M قاتارلىق ماركىلارنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى توسۇش توغرىسىدىكى باياناتى تورداشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، كۆپلىگەن سۈپىلار ئالاقىدار ماركىلارنى بەس ـ بەستە جازىدىن چۈشۈردى. بۇنىڭغا قارىتا، گاۋ فېڭ مۇنداق دېدى: بىز ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىمىز، يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگو تەرەپتىكى ئالاقىدار ئەمەلىي گەۋدىلەر ۋە شەخسلەرگە جازا قوللىنىلىشقا قارشى تۇرىمىز.

ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارنىڭ جۇڭگودىكى نورمال تىجارەت پائالىيىتى ۋە كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىش تىرىشچانلىقىغا قارىتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر قارشى ئېلىش ۋە قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ كەلدى. بەزى كارخانىلارنىڭ ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ چىقارغان ئاتالمىش سودا قارارىغا جۇڭگو ئىستېمالچىلىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى.

گاۋ فېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ بازار قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، خاتا ئۇسۇللىرىنى تۈزىتىپ، سودا مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ بېقىشىنى قارشى ئالىمىز، يەنە ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭدا سودىغا مەبلەغ سېلىشىنى قانات يايدۇرۇشىنى پائال قوللاشنى خالايمىز.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگودىكى ئالاقىدار شەخسلەر ۋە ئەمەلىي گەۋدىلەرگە يەككە تەرەپلىمە جازا قوللانغانلىقىغا قارىتا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى يېقىندا جۇڭگو تەرەپنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىدار ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرىغا جازا قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئالاقىدار ۋەقەلەر جۇڭگو ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ ـ يوق؟ گاۋ فېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىككى تەرەپ سۆھبەت تارماقلىرى زۆرۈر بولغان قانۇن جەھەتتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، جۇڭگوغا پايدىلىق، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا پايدىلىق، شۇنداقلا دۇنياغا پايدىلىق.

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# پومپېئو، جېڭ گوئېننىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز

□بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش مەخسۇس خادىمى قەھرىمان نۇرمەمەت

پومپېئو، جېڭ گوئېن دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن «ئىرقىي يوقىتىش»، «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» دېگەن قالپاقلارنى كىيگۈزدى. قارا بەلگە چاپلىدى، بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلغانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە يامان غەرەزدە ھاقارەت قىلغانلىق، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

مەن بورتالا شەھىرى شو يېڭىپەن بازىرىنىڭ ئوتبۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيەلىشىدە، مەن بىر دېھقان ئوغلىدىن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. ھازىر جىڭ ناھىيەسى ئاقچى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق 3 ـ ئەترىتىدە كەنتتە تۇرۇۋاتىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانچىلىق 3 ـ ئەترىتى ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويىدى، دۆلەتنىڭ تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 20 مىليون يۈەندىن ئاشتى؛ يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. كەنت ئاھالىسى ماخمۇتجاننىڭ تۇرمۇشى ئەسلىدە نامرات ئىدى، ئۇ تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ ئاپتوموبىل رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن خىزمەت تاپتى. كېيىن، ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ ئاپتوموبىل رېمونتخانىسى ئاچتى، ئائىلىق ساپ كىرىمى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ 130 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆيى سېتىۋالدى.

بىز بۈگۈنكى كۈندىكى تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى ئىتتىپاقلىققا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن، بىز يەنە ئىتتىپاقلىققا تايىنىپ ئىناق، مەدەنىي، باياشات كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىمىز. پومپېئو، جېڭ گوئېننى رەسمىي يوسۇندا ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئىغۋا توقۇپ قارا چاپلايدىغان ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان بارلىق ھەرىكىتىڭنى توختات، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە

□قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەت، دىن، چياۋمىنلار ئىشلىرى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دىلشات

يېقىندا، پومپېئو، جېڭ گوئېن شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. مەن بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا يېڭىلا قاتنىشىپ كەلدىم. يىغىنغا مائارىپ، داۋالاش، يەككە سودا ـ سانائەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللەر قاتناشتى، كۆپچىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقى ـ مەنپەئىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى، نازارەت قىلىش خىزمىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، ۋەكىللەر خىزمىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىدى، چىقىرىلغان ھەربىر تۈرلۈك نىزام خەلقنىڭ ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن «ياخشى نىزام»غا ئايلاندۇرۇلدى، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا نامايان بولغىنى جاھاندىكى توغرا يول، ئۇيغۇنلاشقىنى جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. پومپېئو، جېڭ گوئېننىڭ ئىغۋا تارقىتىشى، بوھتان چاپلىشىغا قارىتا، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قەلبىدە بىر گەز، بىر ئەينەك، بىر تارازا، بىر ھېسابات دەپتىرى بار. قانداقلا بولمىسۇن، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە.